**دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى**

ئەتراپىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەر

# ياشانغانلار ۋە بالىلار خۇشال ـ خۇرام ياشىماقتا

بەختلىك تۇرمۇش كارتىنىلىرى ⑩

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى لىن

«ياشانغانلار ۋە بالىلار خۇشال ـ خۇرام ياشاش» ــ بۇ، تاۋ يۈەنمىڭنىڭ «تاۋخۇايۈەن خاتىرىسى»دە ئارزۇ قىلغان گۈزەل تۇرمۇش مەنزىرىسى.

«ياشانغانلار، بالىلار» ئائىلىدىكى ئەڭ ئەندىشە قىلىنىدىغان ئىككى تەرەپ؛ «ياشانغانلار، بالىلار» مەسىلىسى ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى.

2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، «ياشانغانلار، بالىلار»نى خەلق تۇرمۇشىدا تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، كۈتۈنۈش، يەسلى مائارىپىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، يۇقىرى ئورۇندىن تۈرتكە بولۇپ، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ياشانغانلار» ۋە «بالىلار» ئارىسىدا يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقان كۆلۈمسىرەش ئەگرى سىزىقىنى سىزىپ، تەلپۈنگەن سۈرەت مەنزىرىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى.




□制图/新疆日报 张永

### كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى سىستېمىسى ياشانغانلارنى ھەقىقىي بەختكە ئېرىشتۈرۈش

«مېنىڭ قەلبىمدىكى ھالقىلىق سەۋىيە ئاخىرقى ئۆمرۈمدىكى تۇرمۇشۇمنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈش.» 76 ياشلىق ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىسى جاڭ گۈيىڭ مۇنداق دېدى: مەھەللە ياشانغانلار كۈندۈزلۈك خەۋەر ئېلىش مەركىزىدە، ئۇ ھەر كۈنى ياشانغان ئاچا ـ سىڭىللار بىلەن ناخشا ئېيتىدۇ، كۆڭۈل ئاچىدۇ، ئاخىرقى ئۆمرىدىكى تۇرمۇشنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ.

جاڭ گۈيىڭ تۇرۇشلۇق ئۈرۈمچى شەھىرى تيەنشان رايونى گۇيۈەنشياڭ مەھەللىسىدىكى ياشانغانلار كۈندۈزلۈك خەۋەر ئېلىش مەركىزى «15 مىنۇتلۇق مەھەللە كۈتۈنۈش مۇلازىمەت چەمبىرىكى»گە ئاساسەن، ئائىلىدىكى ياشانغانلارنى تاماق بىلەن تەمىنلەش، كۈندۈزلۈك خەۋەر ئېلىش، ساقلىقنى ساقلاش ـ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئارام ئېلىش ـ كۆڭۈل ئېچىش، روھىي جەھەتتىن تەسەللى بېرىش قاتارلىق بىر بېكەت شەكىلدىكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدى. بۇ مەركەزنىڭ مەسئۇلى مېھرىگۈل تۇرسۇن مۇنداق تونۇشتۇردى: يۇقۇم مەزگىلىدە، كۈندۈزلۈك خەۋەر ئېلىش مەركىزى يەنە تاماق يەتكۈزۈش مۇلازىمىتىنى ئائىلىلەرگىچە ئۇزارتتى، ئۆيدە يالغۇز تۇرىدىغان ياشانغانلار، ھەرىكەتتە قولايسىز ياشانغانلارنىڭ ئۆيىگە چاقىرغۇچ ئورنىتىپ بەردى.

2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز «ئائىلىلەرنى ئاساس قىلغان، مەھەللىلەرنى تايانچ قىلغان، ئاپپاراتلارنى تولۇقلىما قىلغان، داۋالىنىش بىلەن كۈتۈنۈش بىرلەشتۈرۈلگەن» كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى پائال بەرپا قىلىپ، كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى ئەندىزىسىنى ئالاھىدە قېيىنچىلىقى بار ياشانغانلارغا قارىتىلغان تولۇقلاش تىپىدىكى پاراۋانلىق مۇلازىمىتىدىن بارلىق ياشانغانلارغا يۈزلەندۈرۈلگەن خەلق تۇرمۇشى مۇلازىمىتىگە ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭ خاسلىقىغا ئىگە ئائىلە، مەھەللە، ئاپپاراتلاردىن ئىبارەت «ئۈچ بىر گەۋدە قىلىنغان» كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىپ، 3 مىليارد يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىپ كۈتۈنۈش ئاپپاراتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. 2020 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىي 764 كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى ئاپپاراتى، 63 مىڭ 492 كارىۋات بار بولدى.

ياشانغانلار كۈندۈزلۈك خەۋەر ئېلىش مەركىزى بارغانسېرى ئالقىشقا ئېرىشتى. بۈگۈنكى كۈندە، گىرەلىشىش شەكلىدىكى مەھەللىدە كۈتۈنۈش، «ئالاقە تورى + ئائىلىدە كۈتۈنۈش»تىن ئىبارەت خاسلىققا ئىگە كۈتۈنۈش يېڭى ئەندىزىسى ھەرقايسى جايلاردا تەدرىجىي چېچەكلىدى. ئۈرۈمچى شەھىرى، غۇلجا شەھىرىدىن كېيىن، بۇ يىل، قاراماي شەھىرى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، قومۇل شەھىرى 5 ـ تۈركۈمدە مەركەز مالىيەسىدىن مەدەت بېرىلىدىغان ئائىلىدە ۋە مەھەللىدە كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى ئىسلاھاتىنى قانات يايدۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش رايونى قىلىپ بېكىتىلدى. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ياشانغانلار كۈندۈزلۈك خەۋەر ئېلىش مەركىزى 310غا يەتتى.

«ئەتىگەندە كېلىپ كەچتە قايتىمەن، بۇ يەردە كىتاب ئوقۇيمەن، خەت يېزىشنى مەشىق قىلىمەن ياكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىمەن، ئون نەچچە يۈەن خەجلەپلا ‹ئۈچ قورۇما، بىر شورپا›لىق چۈشلۈك تاماق يېيەلەيمەن.» ئۈرۈمچى شەھىرى مىچۈەن ـ دۇڭشەن رايونىنىڭ ئاھالىسى سۇن خۇۋخۇا خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: ئىشىك ئالدىدىكى جياخې مەھەللە كۈندۈزلۈك خەۋەر ئېلىش مەركىزى بۇلتۇر 11 ـ ئايدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەن ھەر كۈنى بۇ يەرگە كېلىدىغان بولدۇم.

بۇ مەركەزنى مەھەللە ئورۇن بىلەن تەمىنلىدى، شىنجاڭ جيۇفۇ خېرۇن كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتى تىجارەتكە مەسئۇل بولدى، ئىككى مەخسۇس ۋەزىپىدىكى خىزمەتچى خادىم ۋە بىر تولۇق ۋەزىپىدىكى پېدائىي بار، ھەر كۈنى كۈندۈزلۈك خەۋەر ئېلىش مەركىزىگە كىرىدىغان ئاھالە 70 نەچچە ئادەم قېتىمغا يېتىدىغان بولۇپ، تەۋەلىكتىكى ئېھتىياجى بار بولغان 60 ياشتىن ئاشقان ئاھالىلەرنىڭ ئائىلىدە كۈتۈنۈش ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرالايدۇ. جياخې مەھەللە كۈندۈزلۈك خەۋەر ئېلىش مەركىزىگە ئوخشاش، 2019 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى كۈندۈزلۈك خەۋەر ئېلىش مەركىزىدىن 35نى يېڭىدىن قۇردى، ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە 80%تىن كۆپرەكى 3 ـ تەرەپ تىجارەت مۇلازىمىتىنى كىرگۈزدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: 2013 ـ يىلىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز سىياسەت چىقىرىپ، جەمئىيەت كاپىتالى كۈتۈنۈش بازىرىغا كىرگۈزۈلگەنلەرنى كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى قۇرۇلۇشى ياردەم تولۇقلىمىسى، تىجارەت ياردەم تولۇقلىمىسى، باج ھەققىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش، سۇ، توك، گاز، پار پۇللىرىدا ئېتىبار بېرىشتىن بەھرىمەن قىلدى. جەمئىيەت كاپىتالى «ئېقىن سۈيى»نىڭ كىرگۈزۈلۈشى كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى بازىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈنۈملۈك ئۇرغۇتۇپ، ياشانغانلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىللاشقان كۈتۈنۈش ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

### مەركەزلىك بېقىش ئىقتىدارىدىن قالغانلارنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئىقتىدارى بارلارنىڭ ئىقتىدارىنى قويۇپ بېرىش

9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتە، لوپ ناھىيەسى چارباغ يېزىسىدىكى يېزا بەخت چوڭ قورۇسىنىڭ پائالىيەت ئۆيىدە، قەمەرخان ئايۇپ چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىرنەچچە ياشانغان كىشى بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى، ئىللىق قۇياش نۇرى يېقىملىق كۈلكە ساداسىغا جور بولۇپ، چاسا قورۇنىڭ ھەممە يېرىنى ئىللىتقانىدى.

«بۇ يەردە، مەن بەختنىڭ تەمىنى تېتىدىم.» 85 ياشلىق قەمەرخان مۇنداق دېدى: بەخت چوڭ قورۇسىدىكى ھەربىر ئۆيدە ئايرىم تازىلىق ئۆيى، سىنلىق تېلېۋىزور، توكلۇق سۇ ئىسسىتقۇچ قاتارلىق تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق، ئاغرىپ قالساق كېسىلىمىزنى كۆرىدىغانلار، ئۈچ ۋاق تامىقىمىزنى ئېتىپ بېرىدىغانلار، كىيىملىرىمىز مەينەت بولۇپ كەتسە يۇيۇپ بېرىدىغانلار بار، «ھەربىر كۈنىمىز شۇنداق ياخشى ئۆتۈۋاتىدۇ».

«باشقىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغىمۇ ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپادار بولغاندەك ۋاپادار بولۇش» ئادىتى پۇقرالارنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى گۈزەل ئارزۇسى؛ ھەممە ئادەمنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنەلەيدىغان بولۇشى، ياشانغاندا يۆلەنچۈكى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش پارتىيەمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ تەنتەنىلىك ۋەدىسى.

2017 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ئاپتونوم رايونىمىز «بەشتە كاپالەتلىك» ياشانغانلارنى مەركەزلىك بېقىش ۋە يېتىم بالىلارنى مەركەزلىك يىغىپ بېقىش تۈزۈمىنى ئورناتتى، ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئارزۇسى بار «بەشتە كاپالەتلىك» ياشانغانلارنى مەركەزلىك بېقىش نىسبىتى 98%كە يەتتى، يېتىم بالىلارنى مەركەزلىك يىغىپ بېقىش نىسبىتى 93.7%كە يەتتى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى «يېزا بەخت چوڭ قورۇسى قۇرۇپ قىيىنچىلىقى بار ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش» توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرما، ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستىكى 22 ناھىيەدە 60 كۈن ئىچىدە 207 يېزا بەخت چوڭ قورۇسى تۈرى قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى. يېزا بەخت چوڭ قورۇسىنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىدا يالغۇز تۇرىدىغانلار، قارىغۇچىسى يوقلار، ئۆيدە قالغانلار، ياشىنىپ قالغانلار قاتارلىق قىيىنچىلىقى بار ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى.

قاراقاش ناھىيەسى ئاقساراي يېزىسى خۇمدان كەنتىدىكى ياشانغانلارنى كۈتۈش ئورنىدا 80 ياشلىق ياسىن غازى مۇخبىرغا بىر ھېسابات قىلىپ بەردى، ئۇ ياشانغانلارنى كۈتۈش ئورنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئوغلى، كېلىنى خاتىرجەم ھالدا سىرتقا ئىشلەمچىلىك قىلغىلى چىققان، يېرىم يىلدا 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلغان، ئائىلىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپلا قالماي، بېيىشتىنمۇ ئۈمىد تۇغۇلغان.

ئىقتىدارىدىن قالغانلارنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلغاندىلا، ئاندىن ئىقتىدارى بارلارنىڭ ئىقتىدارىنى قويۇپ بەرگىلى بولىدۇ. قاراقاش ناھىيەلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ئېيزىز ئابدۇرېشىت مۇنداق قارىدى: ئېغىر نامرات ناھىيەلەردە كۈتۈنۈش خىزمىتىنى ئىشلەشتىكى نىشانلارنىڭ بىرى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش. نۆۋەتتە، قاراقاش ناھىيەسى ناھىيەدە مەركىزىي ياشانغانلار كۈتۈنۈش ئورنى بولۇش، يېزا ـ بازارلاردا يېزا بەخت چوڭ قورۇسى بولۇش، كەنتلەردە ياشانغانلارنى كۈتۈش ئورنى بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك كۈتۈنۈش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، ياشانغانلارنىڭ ئائىلىسىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى خاتىرجەم ھالدا پۈتۈن كۈچى بىلەن كىرىمنى ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

### ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپى «يەسلىگە كىرەلەش»تىن «ياخشى يەسلىگە كىرىش»كىچە

ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگۇ رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق مى زەيىڭنىڭ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئوغلىنى تۇنجى قېتىم لىيدوۋدوۋ نەنخۇ يېڭى ئەسىر يەسلىسىگە ئېلىپ بېرىپ ھېس قىلغان چاغدىكى مەنزىرە ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىدە. چۈشتىن بۇرۇن بالام شادلىق دۇنياسىغا غەرق بولدى، قايتىدىغان چاغدا ئۇ بۇ رەڭگارەڭ ئۈچ قەۋەتلىك بىنانى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئاپا، مەن بۇ يەسلىنى ياخشى كۆرىمەن» دېدى.

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى 72%تىن يۇقىرى بولۇپ، ئېغىر نامرات كەنتكە تەۋە ئىدى.

تۇردىنىيازنىڭ ئۆيىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر بىر موغمۇ يەتمەيدۇ، يىللىق كىشى بېشى ساپ كىرىمى 3000 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، تۇرمۇش چىقىمىنى چىقىرىۋەتكەندە، ھېچنېمە قالمايتتى. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، كەنت ئاھالە كومىتېتى ئىزچىل يول ئىزدىدى.

2018 ـ يىلىنىڭ بىر كۈنى، كەنت كادىرلىرى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن قەرز پۇل ئېلىپ كالا بېقىشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىنى سورىدى.

«مەن قوي بېقىپ باققان، كەپتەر بېقىپ باققان، كالىنىلا بېقىپ باقماپتىكەنمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە پۇل قەرز ئېلىپ باقدىكەنمەن، جۈرئەت قىلالمايمەن.» بۇ تەكلىپكە قارىتا تۇردىنىياز باشلىنىشىدىلا رەت قىلدى، كېيىن كەنت كادىرلىرى ئۇنىڭغا بۇنىڭ دۆلەت مالىيەسىدىن ئۆسۈمىنى تۆلەپ بېرىدىغان ئاز سوممىلىق قەرز پۇل ئىكەنلىكىنى، ئۆسۈم ئېلىنمايدىغانلىقىنى، رەنە قويمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى، سوممىسى 50 مىڭ يۈەن بولۇپ، مۇددىتى ئۈچ يىل ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

«كەنت كادىرلىرى ماڭا ھېسابات قىلىپ بېرىپ، ھازىر بىر موزاينىڭ سېتىش باھاسى 9000 يۈەن ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ، ئون ئايدىلا قوتاندىن چىقىدۇ، ئۇ چاغدا بىر كالىنى 16 مىڭ يۈەنگە ساتقىلى بولىدۇ، كىرىم خېلى كۆپ بولىدۇ، بۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ياخشى يولى، دېدى.» نەچچە كۈن ئويلانغاندىن كېيىن، تۇردىنىياز ئاخىرى قارار قىلدى: قەرز ئالىمەن! كالا باقىمەن!

ناھايىتى تېزلا، 50 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تەستىقلىنىپ چۈشتى، تۇردىنىياز 40 مىڭ يۈەنگە تۆت كالا سېتىۋالدى، 10 مىڭ يۈەنگە يەم ـ خەشەك سېتىۋالدى.

تېخنىكلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تۇردىنىياز كالا بېقىشنىڭ يولىنى بىلىۋالدى، ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى! بىرىنچى يىلى، تۆت تۇياق كالا قوتاندىن چىققاندىن كېيىن 80 مىڭ يۈەنگە سېتىلدى. بۇ يىل قەرز پۇلنىڭ ۋاقتى توشۇپ، ئۇ قەرز پۇلنى قايتۇرۇپ، يەنە يېڭىدىن قەرز پۇل ئالدى، بۇنىڭغا نەچچە يىلدىن بۇيانقى يىغقان پۇلنى قوشتى، ئۆيىدىكى كالا كۆپىيىپ 35كە يەتتى، ئۇ كەنتتىكى كالا بېقىش جۇاڭيۈەنگە ئايلاندى، كالا بېقىشقا تايىنىپ نامراتلىقتىن ئۈزۈل ـ كېسىل قۇتۇلدى.

ئوخشاشلا نامرات ئائىلىدىكى مەمەتجان مەتروزىمۇ تۇردىنىيازنىڭ قەرز پۇل ئېلىش ئارقىلىق كالا بېقىپ قەد كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىغا بېرىپ قەرز پۇل ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىپ، كالا باقماقچى بولدى. «قەرز ئالغان پۇل بىلەن كالا بېقىپ پۇل تېپىش ئەرزىيدىكەن.» مەمەتجان مۇنداق دېدى: بۇ يىل ئۆيۈمدىكى ئۈچ كالىدىن كىرگەن كىرىمگە يەنە چىلان، ئانار ساتقان پۇلنى قوشقاندا، يىللىق كىرىمىمنىڭ 70 مىڭ يۈەنگە يېتىشىدە گەپ يوق.

توپا ئېرىق كەنتىگە كىرسىڭىز، قەرز پۇل ئېلىش ئارقىلىق باقمىچىلىق قىلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش «شەرەپ تاختىسى»نىڭ ئىككى تامغا لىق چاپلانغانلىقىنى كۆرىسىز. مەتسىدىق ئىبراھىم نامرات ئاھالە، 50 مىڭ يۈەن ئاز سوممىلىق قەرز پۇل ئالغان، ئۆيىدە تۆت كالا، 80 قوي، 600 كەپتەر بار؛ يۇنۇس رەجەپ، نامرات ئاھالە، 50 مىڭ يۈەن ئاز سوممىلىق قەرز پۇل ئالغان، ئۆيىدە يەتتە كالا، 27 قوي، 360 كەپتەر بار...

دۆلەت ئېلېكتىر ئېنېرگىيە مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى شىنجاڭ شىركىتىنىڭ توپا ئېرىق كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى گې مىڭجۈك مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە باقمىچىلىق كىرىمى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ 60%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، پۈتۈن كەنتتىكى 80%تىن كۆپرەك دېھقان ئائىلىسى كالا، قوي قاتارلىق چارۋا، ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقىغا قاتناشتى، باقمىچىلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش كەسپىگە ئايلاندى.

«‹قەرز بېرىشكە تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىگە قەرز بېرىش› پىرىنسىپى بويىچە، تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئەمگەك ئىقتىدارى يوق ئائىلىلەردىن باشقا، بىز نامرات ئائىلىلەر، نامراتلىق گىرۋىكىدىكى ئائىلىلەرنى ئاز سوممىلىق قەرز پۇل ئېلىپ باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىلتىماس قىلىشقا ئىلھاملاندۇردۇق.» گې مىڭجۈك مۇنداق دېدى: شۇنىڭ بىلەن بىللە، خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى ناھىيە، يېزىلاردىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قوللىشىدا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىلمىي باقمىچىلىق ئۆتكەلنى چېكىپ ئۆتۈشىگە ياردەم بېرىپ، باقمىچىلىقنىڭ پايدىسىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاز سوممىلىق قەرز پۇلنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇردى.

نۆۋەتتە، پۈتۈن كەنت بويىچە جەمئىي 266 ئائىلە 13 مىليون 160 مىڭ يۈەن ئاز سوممىلىق قەرز پۇل ئىلتىماس قىلدى، بۇنىڭ 80%ى كالا، قوي باقمىچىلىقىغا سېلىندى، پۈتۈن كەنتتىكى قوتاندا بېقىلىۋاتقان كالا سانى 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 84تىن كۆپىيىپ ھازىرقى 580 نەچچىگە يەتتى، كالا بېقىش كەسپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 9 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشتى، 2019 ـ يىلى پۈتۈن كەنت نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىقتى.

«بىز باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇردۇق، بۇ يىل يەنە 70 مو يەر ئاجرىتىپ، 1000 كالا، 5000 قوي بېقىلىدىغان كۆلەملەشكەن مەركەزلىك باقمىچىلىق رايونى قۇرۇپ، باقمىچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا ئاساس سېلىشنى پىلانلىدۇق.» گې مىڭجۈك مۇنداق دېدى: پۈتۈن كەنتتە كۆلەملەشكەن، ئۆلچەملەشكەن باقمىچىلىقنى تەدرىجىي ئومۇملاشتۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ باقمىچىلىق كىرىمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىمىز.

بۈگۈنكى كۈندە، كالا سېتىۋېلىش تىلغا ئېلىنسا، ئەتراپتىكى سېتىۋالغۇچى سودىگەرلەر توپا ئېرىق كەنتىنىلا تونۇيدۇ، ئۇلار ئۈچ ـ تۆتتىن توپ ـ توپ بولۇشۇپ كەنتكە كېلىپ «كالا زاكاز قىلىدۇ»، توپا ئېرىق كەنتىنىڭمۇ كۈندىن ـ كۈنگە «قالتىسلىقى كۆككە يەتمەكتە».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)